دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى

# «تيەنۋېن 1 ـ نومۇر» مارسقا قاراپ ئاتلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەينەن ۋېنچاڭ، 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار خۇ جې، جوۋ شۈەن) «ئاسمان توققۇز قەۋەتتىن تۈزۈلگەن، كىم ئۇنى ئايلىنىپ ئۆلچەپ باققاندۇ؟» 2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سائەت 12دىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە، دۆلىتىمىزنىڭ خەينەن ئارىلى شەرقىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى جۇڭگو ۋېنچاڭ ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش مەيدانىدا، چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر ياۋسى توشۇغۇچى راكېتاسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان «تيەنۋېن 1 ـ نومۇر»لۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلدى، 2000 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئۇچقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يەتكۈزۈلۈپ، مارسنى تەكشۈرۈش سەپىرىنى باشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا سەييارىلەرنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستى.

تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى يەر شارى بىلەن مارس ئارىسىدىكى يۆتكىلىش ئوربىتىسىدا تەخمىنەن يەتتە ئاي ئۇچقاندىن كېيىن، مارس ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ، «تورمۇزلاش» ئارقىلىق مارسنى نىشانلاشنى تاماملاپ، مارسنى ئايلىنىدىغان ئوربىتىغا كىرىدۇ ھەم پۇرسەت تېپىپ قونۇش، كۆزىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مارسنى ئىلمىي تەكشۈرىدۇ.

ئالەم توغرىسىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ تېگىگە يېتىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىرادىسىدىن قايتمايدىغان ئالەم قاتنىشى ئارزۇسى. قەدىمكى زاماندىكى شائىر چۈ يۈەن يازغان «تيەنۋېن»دىن بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىگە «تيەنۋېن 1 ـ نومۇر» دەپ نام بېرىلگەنگە قەدەر، ئالەم بوشلۇقى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ چېكى بولمىغان، ئۇلۇغ ئارزۇ توختاپ قالمىغان.

تۇنجى قېتىم مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى، دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى ئاينى تەكشۈرۈش ۋە ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ تۇڭجيې مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ قۇرۇلۇش نىشانى مارسنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ ۋە كۆزىتىپ تەكشۈرۈپ، مارسنى تەكشۈرۈش ئىلمىي سانلىق مەلۇماتىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭقۇر ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش ساھەسىدىكى تېخنىكىلىق ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا چوڭقۇر ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭقۇر ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

«بۇ قېتىمقى مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئىلمىي نىشانى ئاساسلىقى مارسنىڭ شەكلى ۋە گېئولوگىيەلىك تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، مارسنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سۇ، مۇزنىڭ تارقىلىشى، مارسنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ماددىلارنىڭ تەركىبى، مارس ئاتموسفېراسىنىڭ ئىيون قەۋىتى ھەم سىرتقى يۈزىنىڭ كىلىماتى ۋە مۇھىت ئالاھىدىلىكى، مارسنىڭ فىزىكىلىق مەيدانى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت» دېدى ليۇ تۇڭجيې.

دۆلىتىمىزنىڭ مارسنى تەكشۈرۈشى ئوچۇق، ئىلمىي ئىزدىنىش سۈپىتى بىلەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەتنىڭ كۆپ جايلىرىدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تەتقىق قىلىپ ياساش جەريانىغا پائال قاتناشتى ھەم ياۋروپا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى، فرانسىيە، ئاۋستىرىيە، ئارگېنتىنا قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتلەر بىلەن كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى.

بۇ قېتىمقى مارسنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى 2016 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان، دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى تەشكىللەپ يولغا قويغان بولۇپ، قۇرۇلۇش ئومۇمىي گەۋدىسى ۋە تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، توشۇغۇچى راكېتا، قويۇپ بېرىش مەيدانى، ئۆلچەش ـ تىزگىنلەش، يەر يۈزىدە قوللىنىش قاتارلىق كونكرېت بەش چوڭ سىستېمىدىن تەركىب تاپقان.

دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى ئاينى تەكشۈرۈش ۋە ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى مەركىزى قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي گەۋدە ئورۇن بولۇپ، جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى توشۇغۇچى راكېتا سىستېمىسىنى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان، جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى ۋە شاڭخەي ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى سىستېمىسىنى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان. جۇڭگو سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئۆلچەش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بۆلۈمى قويۇپ بېرىش، ئۆلچەش ـ تىزگىنلەشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۆلەت رەسەتخانىسى يەر يۈزى قوللىنىشچان سىستېمىسىنى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان بولۇپ، ئىلمىي سانلىق مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش، ساقلاپ باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەڭ پيونېرلارنى كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشقا ئىنتىپاقلاشتۇرۇشى، تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى پيونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە پۈتۈن جەمئىيەت پيونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پيونېرلار ئەترىتىنى يېتەكلەپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قىزىل گالستۇكنىڭ يېڭى دەۋردىكى شان ـ شەرىپىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ ئېچىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ۋە پيونېرلار ئەترىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پيونېرلارنىڭ قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى شېن يۆيۆ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ چۈەنتاڭ يىغىنغا قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش يىغىنىدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خې جۈنكې، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى چېن باۋشېڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەملىكەتلىك پيونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ گاڭ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك پيونېرلار خىزمىتى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ پارتىيە كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك پيونېرلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى پيونېرلار، پيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى، پيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ تەخمىنەن 2000 كىشى ئېچىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جەزمەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە دۇنيادىكى مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، زومىگەرلىك ۋە يەككە تەرەپلىمە قىلمىشقا قارشى تۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەلەرنىڭ مېخانىزملاشقان ئالاقىسى ـ ھەمكارلىقى جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ماسلىشىشىدىكى مۇھىم سۇپا ۋە يول. ئىككى پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىنىڭ باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئالاقە قىلىپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

پۇتىن تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى مىسلىسىز يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئارا ھەمكارلىشىشنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىككى تەرەپ رايون ۋە پۈتۈن يەر شارىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماسلىشىپ تىرىشىپ، خەلقئارا خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىقنى قوغداشقا ئورتاق تۈرتكە بولىدۇ. رۇسىيە ـ جۇڭگو ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەلىرىنىڭ سۆزلىشىشى ئىزچىل ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قەرەللىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەتلىك ھەمكارلىقى تۈرلىرىگە تۈرتكە بولدى ھەم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، يىراق مۇساپىلىك ئالماشتۇرۇش يېڭى شەكىلدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار ھەمكارلىقنى داۋاملىق پائال ئالغا سىلجىتتى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مول، پايدىلىق مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى ئىددىيە، يېڭى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن 24ى يېڭىدىن كۆپەيگەن، بۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى قانات يايدۇرغان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنىڭ ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا بولغانلىقىنى، زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت 24 كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىي 1 مىليون 626 مىڭ 400 ئادەم نۇسخا ئەۋرىشكە ئېلىندى. تيانشان رايونى ۋە سايباغ رايونىدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تولۇق قاپلاپ تاماملاندى، شىمگۇ رايونى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)دا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، باشقا رايون (ناھىيە)لاردا تەكشۈرۈشتىن بۇرۇنقى خادىملارنى ئىستاتىستىكا قىلىش، ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ تەقسىملەش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىۋاتىدۇ.

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى، ھەرقايسى ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىدىغان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە نازارەت، ئىدارە، شەھەر، رايون (ناھىيە)لاردىكى مەسئۇل يولداشلار كېچىلەپ ھەرقايسى ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىدىغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە رايون (ناھىيە)، كوچا (باشقۇرۇش كومىتېتى)، مەھەللە (كەنت) لەرگە بېرىپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولدى. خادىملار كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. بىرىنچى سەپتىكى دوختۇر ـ سېستىرالار، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلار يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تومۇز ئىسسىققا قارىماي، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتلىشىپ مەشغۇلات قىلىپ، ئەۋرىشكە ئېلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملىدى؛ ئون ئۆلكە، شەھەرنىڭ ياردەم بېرىش ئەترىتى ۋە 24 تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بارلىق كەسپىي خادىملارنى يۆتكەپ توپلاپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مەشغۇلات قىلىپ، ئۇدۇللۇق ئەۋرىشكە ئېلىش، ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈش، ئۇدۇللۇق تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئەھۋالىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لۇ چېن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز قوبۇل قىلىپ داۋالىغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىغا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» بولۇش، كۆپ پەنلەر ماسلىشىپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نۆۋەتتە قوبۇل قىلىپ داۋالىغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

7 ـ ئايدىكى شەرقىي شىمالنىڭ بىپايان زېمىنى يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10لاردا، شى جىنپىڭ ھاۋا ئارمىيە ئاۋىياتسىيە داشۆسىگە كەلدى. مەكتەپ ئاۋىياتسىيە سارىيىدا، شى جىنپىڭ شەرقىي شىمال كونا ئاۋىياتسىيە مەكتىپى روھى كۆرگەزمىسى ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئەھۋالى كۆرگەزمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. شەرقىي شىمال كونا ئاۋىياتسىيە مەكتىپى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغان تۇنجى ئاۋىياتسىيە مەكتىپى بولۇپ، كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى يول ئېچىپ، شەرقىي شىمال كونا ئاۋىياتسىيە مەكتىپى روھىنى يېتىلدۈرۈپ شەكىللەندۈرگەن. شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە شەرەپلىك تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرقىي شىمال كونا ئاۋىياتسىيە مەكتىپى روھىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشنى تاپىلىدى.

مەشىق مەيدانىدا، ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس بەدەن ئىقتىدارى ۋە باش قېيىشقا تاقابىل تۇرۇش مەشىقى قىلىۋاتاتتى. ھازىرقى زامان ھاۋا ئۇرۇشىنىڭ ئۇچقۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساپاسىغا بولغان تەلىپى يۇقىرى، مەكتەپ تەگشۈگۈلۈق گىمناستىكىسى، دومىلىما چاق، ئايلانما شوتا قاتارلىق مەشىق مەزمۇنلىرىنى تەسىس قىلغان. شى جىنپىڭ مەشىق مەيدانىغا كېلىپ، ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلانما شوتا مەشىقى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇردى. يېقىنلا جايدا، ئىقتىدار مەشىقى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى، شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن ماڭغاچ، بىر تەرەپتىن كۆردى. ئېغىرلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدار مەشىقى سىنىقى بىر گەۋدىلەشكەن ئۈسكۈنە مەكتەپ ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان مەشىق ئۈسكۈنىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى بېرىلىپ مەشىق قىلىۋاتاتتى، شى جىنپىڭ ناھايىتى تەپسىلىي كۆردى. شى جىنپىڭ ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىپ، ئىلمىي مەشىق قىلىپ، بالدۇرراق كۆكتىكى بۈركۈتكە ئايلىنىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ تەقدىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان تەجرىبىخانىسىغا كېلىپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان مەشغۇلاتى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان مەشغۇلاتچىلىرىنى تەربىيەلەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ھازىر تۈرلۈك ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان سىستېمىسى كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى، ئەسكەرسىز جەڭ قىلىش ئۇرۇش قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتمەكتە. ئەسكەرسىز جەڭ قىلىش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان كەسپىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئۇرۇش تەربىيەسى ـ مەشىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننى قوللىنىش ۋە قوماندانلىق قىلىش ئىختىساسلىقلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مەكتەپنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئورۇن بەلگىلەشنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە ئەمەلىي تەدبىرگە ئايلاندۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇچۇش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، تەرەققىيات يولىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئالىي مەكتەپلەرنى قىسىملار بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش قانچىكى دەل بولسا، دەرسخانا بىلەن جەڭ مەيدانىنى جىپسىلاشتۇرۇش قانچىكى زىچ بولسا، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش يولى شۇنچە توغرا بولىدۇ. ئەمەلىي ئۇرۇشنى چۆرىدەپ، غەلىبە قىلىشنى كۆزلەپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، جەڭ ئۈچۈن تەربىيەلەش، جەڭ ئۈچۈن مەشىقلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇرۇشى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ھاۋا ئۇرۇشى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، پەن ۋە كەسىپلەرنى قاراتمىلىق ھالدا ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلار كۈچى بەرپا قىلىپ، مەشىق ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ۋاسىتە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش، مەشىقلەندۈرۈشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، جەڭ ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە روھى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار روھنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار كەسپىي، پەن ـ مەدەنىيەت، جىسمانىي، پىسخىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ساپا ئاساسىنى ئومۇمىيۈزلۈك پۇختىلاش، دەسلەپكى ھەربىي ئاساسى، دەسلەپكى ئۇچۇش ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ تېز ئۆزگىرىش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، تەپەككۇر ئىدىيەسىنى يېڭىلاش، ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ھەربىي نەزەرىيە تەتقىقاتى، دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال نەتىجە يارىتىش كېرەك. دۇنيا يېڭى ھەربىي ئىشلار ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن ساھەلەرنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تىپتىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېڭى خۇسۇسىيەتلىك جەڭگىۋار كۈچلەرنىڭ تېز بارلىققا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھاۋا ئارمىيەسى ۋە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار تارماقلار يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مەكتەپنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۈكسەك مەركەزلەشكەن بىردەكلىك ۋە بىخەتەرلىك، مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىكلەر مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋە قۇرۇلۇشلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بېكىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك.

شۇ چىلياڭ قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.